# يېڭى تۇرالغۇ، يېڭى كەسىپ، يېڭى تۇرمۇش

(بېشى 1 - بەتتە)

«تۇرۇبا سۈيى بەك تاتلىق ئىكەن» دېگەن سۆز چولپانخاننىڭ دائىم ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان سۆزى بولۇپ، ھەر كۈنى سۇ تۇرۇبىسىدىن ئېقىپ چىقىۋاتقان «تاتلىق سۇ»نى ئىشلەتكەندە، ئۇ ھەمىشە خۇشاللىقىدىن ئاغزىنى يۇمالماي قالاتتى. كونا تۇرالغۇدا ئاھالىلەر كۆپ ھاللاردا فتور، شور تەركىبى يۇقىرى سۇ ئىچىدىغان بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئىچىدىغان سۇ ئۆلچىمىگە پەقەتلا يەتمەيتتى. يېڭى ئۆيگە كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت مەبلەغ سېلىپ شۇ جايدا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى قۇرۇپ، ئىچىدىغان سۇنىڭ بىخەتەرلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

«شۇ چاغلاردا تۇرىدىغىنىمىز يۇلغۇن شاخلىرى ياكى قومۇشنى ئاددىيلا باغلاپ، نېپىز سۇۋاپ سېلىنغان ‹قوشاملىق ئۆي› ئىدى، ھەر يىلى يەتتە ئاي قۇم - بورانلىق ھاۋا رايى كۆرۈلەتتى.» ئاھالە ھەجەرخان مەتيۈسۈپنىڭ ئۆيى ناھايىتى چىرايلىق بېزەلگەندى، «ھازىر ئۆيىمىز ھەم ئازادە، ھەم راھەت، يېقىلغۇ گاز، تۈكلۈك مۇنچىلارنىڭ ھەممىسى بار، تاماق ئېتىش، يۇيۇنۇش ناھايىتى قولايلىق».

«قۇملۇقتىن كۆچۈرۈلمىسە، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ قۇم - توزانغا ھەمراھ بولۇش، قىرتاق، شورلۇق سۇ ئىچىش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش تەس. بولۇپمۇ مائارىپ، تۇرالغۇ، ئىچىدىغان سۇ، ئاساسىي داۋالىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە ساقلانغان مەسىلىلەرنى تۈپتىن ھەل قىلىش تەس» دېدى دەريا بويى يېزىلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جيا سۇنپېڭ.

## قىلىدىغان ئىش بار بولۇش تولۇق غەيرەتكە كېلىش

يېڭى كۆچۈپ كەلگەن چاغدا، 60 ياشلىق بەختىخان ئابدۇغېنى ھەم خۇشال بولدى، ھەم ئەندىشە قىلدى. خۇشال بولغىنى، ئوغلى بىلەن كېلىنىنىڭ مۇقىم خىزمىتى بار بولدى؛ ئەندىشە قىلغىنى، ئۆزىنىڭ تېنى ساغلام بولسىمۇ، لېكىن قىلىدىغان ئىش تاپالمىدى.

بۇ يىل ئاپتونوم رايوننىڭ نامراتلارنى يۆلەش ئىناۋەتلىك قەرز مەبلىغىنىڭ ياردىمىدە، كەنت 420 مو يەر ئېچىپ سۆكسۆك، توشقانزەدىكى تەجرىبە ئېتىزى تۈرىنى يولغا قويۇپ، ئەلا سۈپەتلىك سۆكسۆك ھەم توشقانزەدىكى ئۇرۇقى كىرگۈزۈپ، تېمىتىپ سۇغىرىش قاتارلىق يۈرۈشلەشكەن ئەسلىھەلەرنى قۇرۇپ، «ھەمكارلىق كوپېراتىپى+تېرىقچىلىق چوڭ ئائىلىسى+نامرات ئائىلە»دىن ئىبارەت كەسىپ بىرلەشمە گەۋدىسى ئەندىزىسى ئارقىلىق، 102 ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسىنىڭ كەسىپ تەرەققىياتىغا قاتنىشىشىغا تۈرتكە بولدى. بەختىخان ئائىلىسى بۇنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلدى.

«مېنىڭ سالامەتلىكىم ناھايىتى ياخشى، قىلىدىغان ئىش بولمىسا بىئارام بولۇپ كېتىمەن.» بەختىخان مۇنداق دېدى: «ئائىلىمىدە تۆت جان بار، ھەربىر ئادەمگە ئىككى مو بويىچە ھېسابلىنىپ ئائىلىمىزگە سەككىز مو يەر تەقسىم قىلىندى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر مو يەردىن 5000 يۈەن كىرىم قىلالىدىكەنمىز، مەن غەيرەت بىلەن ئىشلىدىم».

توشقانزەدىكى تېرىقچىلىق ئائىلىسىدىن توشقانزەدىكى تېرىش، پىششىقلاش، سېتىش دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ ئەزالىقىغىچە، يەنە سۆكسۆك، توشقانزەدىكى تەجرىبە ئېتىزىنىڭ باشقۇرغۇچىسىغىچە، توشقانزەدىكى تېرىش تېخنىكىسى ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش جەريانىدا، ئالىمجان بۇنىڭ پايدىسىنى كۆرۈپ، كىشىلىك ھاياتنىڭ قىممىتى ۋە يۆنىلىشىنى تاپتى.

«ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇلغاندىن كېيىن، توشقانزەدىكىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ئاشتى، سۈپىتىمۇ بارغانسېرى ياخشىلاندى، توشقانزەدىكىنىڭ يەردە سېسىپ كېتىش ئەھۋالى قايتا كۆرۈلمىدى، ئەڭ مۇھىمى كەنت ئاھالىلىرى سېتىشتىن غەم قىلمايدىغان بولدى.» ئالىمجان مۇنداق دېدى: «بۇ يىل يېڭىدىن تىككەن 420 مو سۆكسۆككە كېلەر يىلى توشقانزەدىكى ئۇلىغىلى بولىدۇ، مەن كەنت ئاھالىلىرى بىلەن بىللە ياخشى باشقۇرۇپ، بالدۇرراق ئۈنۈم يارىتىشنى قولغا كەلتۈرىمەن».

دەريا بويى يېزىسى دەريا بويى كەنتىنىڭ 1 - شۇجىسى جاۋ گاڭ مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: «توشقانزەدىكى بۇ يەردە تېرىشقا ماس كېلىدۇ، كارخانا بىرتۇتاش سېتىۋېلىپ كەنت ئاھالىلىرىگە مۇقىم كىرىم ئېلىپ كېلىدۇ».

ھازىرغا قەدەر، دەريا بويى يېزىسىدا 1000 مو سۆكسۆك تىكىلدى، كېيىنكى يىلى توشقانزەدىكى ئۇلىنىدۇ، مۆلچەرلىنىشچە، يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 70 توننىغا يېتىپ، كىرىم 4 مىليون 200 مىڭ يۈەن ئېشىشى مۇمكىن.

بۈگۈنكى كۈندە، دەريا بويىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىدە، دۇكان، ئاشخانىلاردا، سۆكسۆك، توشقانزەدىكى تەجرىبە ئېتىزلىرىدا كىشىلەرنىڭ ئالدىراش سىماسىنى كۆرگىلى بولىدۇ، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى بىر جۈپ قولى بىلەن يېڭى يۇرت - ماكانىنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقماقتا.

## يېڭى كەسىپ پىلانلاش ياخشى ئىستىقبالغا ئېرىشىش

كەنت ئاھالىلىرىنىڭ يېڭى تۇرالغۇسىدا، مۇخبىرلار ھەربىر ئائىلىدە ئۆلچەملىك ياتاققا ئوخشايدىغان بىر ئۆي بارلىقىنى بايقىدى. 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى قۇربانخان مەتروزى مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: بۇ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ساياھەتچىلىك كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىدىغان يۇقىراۋى قونالغۇ.

ئىككى يىل ئىلگىرى شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد داشۆسىنى پۈتتۈرگەن قۇربانخان بۈگۈنكى كۈندە قۇملۇق كۆزەتكۈچىسى سەھرا ساياھىتى دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ قالدى.

«جەمئىي 1000دىن ئارتۇق ساياھەتچىنى كۈتۈۋېلىپ، تىجارەت سوممىسى 200 مىڭ يۈەندىن ئاشۇردۇق.» قۇربانخان 2019 - يىلى سەھرا ساياھىتى ھەمكارلىق كوپېراتىپى قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىدىن ئىنتايىن پەخىرلەندى. كەنت ئاھالىلىرىنى يۇقىراۋى قونالغۇ ياتاقلىرىنى رەتلەشكە يېتەكلەش، يۇقىراۋى قونالغۇ باشقۇرۇش بىلىملىرىنى ئۆگىتىش، دوۋيىن بىۋاسىتە كۆرسىتىش سۇپىسى ئارقىلىق دەريا بويىنى تونۇشتۇرۇش... قۇربانخاننىڭ ۋېيشىن دوستلار چەمبىرىكىدە دەريا بويىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە ئالغا ئىلگىرىلەش قەدەمى خاتىرىلەنگەن.

«مەن ئەڭ زور تىرىشچانلىقىم بىلەن يۇرتداشلارنىڭ مۇلازىمەت سۈپىتى ۋە كۈتۈۋېلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ساياھەتچىلەرنى بۇ يەردە ياخشى غىزالىنىش، ياخشى تۇرۇش، ياخشى ئويناش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمەن، شۇنداقلا يۇرتداشلارنى ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمەن.» قۇربانخان بىر تەرەپتىن سۆزلەپ، بىر تەرەپتىن ساياھەتچىلەرنى باشلاپ قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ ماڭدى.

دەريا بويىدا قۇربانخانغا ئوخشاش ئوي - پىكرى، غەيرىتى بار ياشلار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق تېخىمۇ كەڭ دۇنياغا يۈزلىنىپ، ھازىرقى زامان تۇرمۇشىغا قۇچاق ئاچماقتا.

بۇنىڭدىن باشقا، دەريا بويى يېزىسى يەنە خوتەن قويى باقمىچىلىق كەسپىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى، چارۋىچىلىق - باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ خوتەن قويى باقمىچىلىق كۆلىمى 27 مىڭ تۇياقتىن ئاشتى، مۆلچەرلىنىشچە نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 4000 يۈەن ئاشىدىكەن.

«چارۋا باقمىچىلىقى، توشقانزەدىكى تېرىقچىلىقى، ساياھەتچىلىكتىن ئىبارەت ‹ئۈچ ئاتلىق ھارۋا›نىڭ تۈرتكىسىدە، كەڭ دېھقانلار ئاممىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش يولىدا جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەپ، قۇملۇقتىكى يېڭى ئائىلىلەرنىڭ ياشاش ئىقتىدارى ۋە ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇشقا ئىشەنچىمىز ۋە ئىرادىمىز بار» دېدى جيا سۇنپېڭ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

نەچچە ئون ئىشچى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدە ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى.

بۇ كەنتتە 570 ئائىلە، 2022 ئادەم بار بولۇپ، سىرتقا چىقىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە ئۆزگىچە تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق قىلىش ئۇلارنىڭ ئاساسلىق كىرىم مەنبەسى ئىدى. يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە، بۇ يىل بىر قىسىم ئارتۇق ئەمگەك كۈچى سىرتقا چىقىپ ئىشلەشكە ئامالسىز قالدى. «نامراتلارنى يۆلەش سېخى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، بۇ كەنتتىكى نامرات ئاھالىلەرنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن بىللە، يەنە قوشنا كەنت ۋە ئەتراپتىكى يېزا - بازارلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغىمۇ تەسىر كۆرسەتتى، تۈرتكە بولدى» دېدى سېخ مەسئۇلى تۇرسۇنىياز خۇداۋەدى.

«ئىشىك ئالدىدا ئىشقا ئورۇنلىشىپ مائاش ئالالايدىغان، يەنە ئائىلەم ۋە بالىلىرىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالايدىغان بولدۇم.» 36 ياشلىق بۈزۆھرە ئىلگىرى نامرات ئاھالە ئىدى، نامراتلارنى يۆلەش سېخىدا ئىش ئەسلىگە كېلىشى بىلەنلا ئۇ ئىشقا چۈشتى.

«ئېرىم يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتە تاماق ئېتىدۇ، ئىككىمىزنىڭ مائاشىغا 11 مو يەردىن قىلغان كىرىمىمىز ۋە كالا بورداشتىن قىلغان كىرىمىمىزنى قوشقاندا، بۇ يىل كىرىمىمىزنىڭ 50 مىڭ يۈەندىن ئېشىشىدىن ئۈمىد بار.» بۈزۆھرە كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «بەش نوپۇس بار ئائىلىمىزنىڭ بۇ يىل نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىدا چاتاق يوق».

كەنتتە يەنە ئىرادە جەھەتتىن يۆلەش تاللا بازىرى قۇرۇلدى ۋە ئەقلىي جەھەتتىن يۆلەش دەرسخانىسى تەسىس قىلىندى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇش، تەشۋىقات ئارقىلىق يېتەكلەش، ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش ھەمدە ئىلغارلارنى مۇكاپاتلاش قاتارلىقلارنى ئاساسىي ئىقتىدار قىلغان بىر كۆزنەكلىك نامراتلارنى يۆلەش خىزمەت ئەندىزىسى بەرپا قىلىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ بىرىكمە كۈچى مۇجەسسەملەندى.

## تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيەلەش مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى

ئارزۇگۈل مەمەت مىشا بازىرى چوڭقۇرچاق كەنتىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالە، ئۇ 2017 - يىلى 8 - ئايدا يەكەن ناھىيەلىك كەسپىي تېخنىكا مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، چىڭداۋغا بېرىپ بىر يىللىق تەربىيەلىنىشكە قاتناشتى. ئوقۇش تاماملاپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەكەندىكى بىر توقۇمىچىلىق شىركىتىگە ئىشقا چۈشۈپ، مۇقىم كىرىمگە ئىگە بولدى.

بۇ توقۇمىچىلىق شىركىتى يەكەن ناھىيەلىك كەسپىي تېخنىكا مەكتىپى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش، ئوقۇتۇش، تەتقىقات ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن 130 ئوقۇغۇچىنى چىڭداۋغا تەربىيەلىنىشكە ئەۋەتكەنىدى.

«ھازىر ھەر ئايلىق مائاشىم 2300 يۈەندىن ئاشىدۇ.» ئارزۇگۈل ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «بۇ يەردە مەن تېخنىكا ئىگىلىدىم، باشقۇرۇشنى ئۆگەندىم، يولىمۇ تاپتىم».

«بىز بۇ جايدىكى 800 ئادەمنى قوبۇل قىلىپ مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇردۇق، كارخانىمىزدا ئىشلەۋاتقان ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالىدىن 219 ئادەم نامراتلىقتىن مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇتۇلدى» دېدى بۇ توقۇمىچىلىق شىركىتىنىڭ مەسئۇلى خۇاڭ لۇگېجۇ.

## ئىشقا ئورۇنلىشىش كوچىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش يولىنى ئاچتى

زەرەپشان كوچا باشقارمىسى جايتېرەك كەنتىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش كوچىسىدىكى «تۇرسۇنگۈل تىككۈچىلىك دۇكىنى»غا كىرگەندە، تۇرسۇنگۈل كۈلۈمسىرىگەن ھالدا مۇخبىرلارغا تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى سۆزلەپ بەردى.

ئىلگىرى ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشى غورىگىل ئۆتەتتى، تۆت يىل ئىلگىرى كىيىم تىكىشنى بىلىدىغان تۇرسۇنگۈل ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمى ۋە يېتەكچىلىكىدە تىككۈچىلىك دۇكىنى ئاچتى. خېرىدارلارنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، تۇرسۇنگۈل ئەتراپتىكى نامرات ئائىلىلەردىكى ئاياللارنى ئۆزى بىلەن بىللە ئىشلەشكە ئىلھاملاندۇردى، بۈگۈنكى كۈندە دۇكىنىدىكى خادىم ئالتىگە كۆپەيدى.

تۇرسۇنگۈلنىڭ تىككۈچىلىك دۇكىنىدا ئىشلەۋاتقان ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالە قۇربانىسا راخمان مۇخبىرلارغا ئۆزىنىڭ بۇ يەردە ئىشلەۋاتقىنىغا ئۈچ يىل بولغانلىقىنى، ئىنىسى، ئىنىسىنىڭ خوتۇنىنىڭمۇ مۇشۇ كوچىدا ئىشلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئائىلىسىدىكىلەر ۋە كىرىمنى تىلغا ئالغىنىدا قۇربانىسانىڭ چىرايى مەمنۇنلۇققا تولدى.

جايتېرەك كەنتىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش كوچىسىدىكى تۇرسۇنگۈلنىڭ تىككۈچىلىك دۇكىنىغا ئوخشاش كىچىك دۇكانلار جەمئىي 208 ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، 23 نامرات ئائىلىدىكى 41 ئادەمنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بەردى.

---

# خەۋپ - خەتەر دەرىجىسى تۆۋەن بولغان رايونلارنىڭ ياز پەسلىدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مۇداپىئە كۆرسەتمىسى بار بولدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا گوۋۇيۈەن بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى ئۇنىۋېرسال گۇرۇپپىسى «خەۋپ - خەتەر دەرىجىسى تۆۋەن بولغان رايونلارنىڭ ياز پەسلىدىكى نۇقتىلىق سورۇن، نۇقتىلىق ئورۇن، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىدا يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە ئالاقىدار مۇداپىئە كۆرسەتمىسى (تۈزىتىلگەن نۇسخىسى)» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «كۆرسەتمە (تۈزىتىلگەن نۇسخىسى)» دېيىلىدۇ)نى بېسىپ تارقىتىپ، ئەڭ يېڭى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش يېتەكچىلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى لى فەن «كۆرسەتمە (تۈزىتىلگەن نۇسخىسى)» بويىچە، يېپىق ۋە ئالاھىدە سورۇنلاردىن باشقا، قىزىپ قالغان، ئاغرىۋاتقان ياكى خىزمەت سەۋەبىدىن ئالاھىدە بېكىتىلگەن كىشىلەر توپىدىن باشقا، ئادەتتىكى كىشىلەر توپى سىرتتا پائالىيەت قىلغاندا بىخەتەر ئىجتىمائىي ئارىلىقنى ساقلاپ، قولنى پات - پات يۇيۇشنى ياخشى قىلىپ، ئۆزىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلگەن ئەھۋالدا، ماسكا تاقىمىسىمۇ بولىدۇ، دەپ تەكلىپ بەردى.

«كۆرسەتمە (تۈزىتىلگەن نۇسخىسى)» خەۋپ - خەتەر دەرىجىسى تۆۋەن بولغان رايونلارغا ماس كېلىدۇ، ئەسلىدىكى 50 تۈرلۈك مۇداپىئە كۆرسەتمىسى 65 تۈرگە ئۆزگەرتىلىپ، ئوخشاش بولمىغان پەسىل، سورۇن ۋە كىشىلەر توپى بويىچە، شەخسىي مۇداپىئە، دېزىنفېكسىيەلەش، ھاۋا ئالماشتۇرۇش، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ۋە كىشىلەر توپىنىڭ سالامەتلىكىنى كۆزىتىش - ئۆلچەش قاتارلىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرى تەڭشىلىپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش زىيادە ئېشىپ كېتىشتىن، ئادەم كۈچى ۋە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ماددىي ئەشيالىرىنىڭ تەننەرخىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك.»

لى فەن مۇنداق تونۇشتۇردى: شىنجاڭدا ئۇدا 138 كۈن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى كېسەل مىسالى دوكلاتى كۆرۈلمىدى، خەۋپ - خەتەر دەرىجىسى تۆۋەن بولغان رايونغا تەۋە، «كۆرسەتمە (تۈزىتىلگەن نۇسخىسى)»دىكى تۈرلۈك تەكلىپلەرگە ماس كېلىدۇ.

لى فەن مۇنداق چۈشەندۈردى: ياز پەسلىدە ھاۋا بىرقەدەر ئىسسىق، سىرتتا پائالىيەتلەر بىرقەدەر كۆپ، ئادەتتىكى ئامما سىرتتا پائالىيەت قىلغاندا ماسكا تاقىمىسىمۇ بولىدۇ. لېكىن مەكتەپ، كۇتۇپخانا، زال ئىچى سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى، كىنو - تىياتىرخانا، KTV قاتارلىق يېپىق سورۇنلاردا، بولۇپمۇ ئايروپىلان، مېترو قاتارلىق ئاممىۋى قاتناش قوراللىرىغا ئولتۇرغاندا، ھەمدە دوختۇرخانىغا بېرىپ داۋالانغاندا، يەنىلا ماسكا تاقاش كېرەك ھەم توختاش ۋاقتىنى ئىمكانقەدەر ئازايتىش كېرەك. ئۇ ئالاھىدە ئەسكەرتىپ مۇنداق دېدى: ئەگەر ئاممىۋى سورۇنلاردا كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئىشلىتىدىغان ئەسلىھە، بۇيۇملارنى تۇتقان بولسا، قولنى پات - پات يۇيۇپ قولنىڭ پاكىزلىقىنى ساقلاش كېرەك.

«كۆرسەتمە (تۈزىتىلگەن نۇسخىسى)»دا ئاممىنىڭ ماسكا تاقىشىغا تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىنغاندىن باشقا، ھاۋا ئالماشتۇرۇشنى ياخشى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مۇھىت تازىلىقى ۋە دېزىنفېكسىيەلەشنى ياخشى قىلىپ، خادىملارنىڭ توپلىشىشىنى ئازايتىش، قول تازىلىقى، تاماقنى ئايرىش تۈزۈمى، بىر مېتىر ئارىلىق ساقلاش قاتارلىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرى تەكىتلەندى، مېھمانخانا، كىنو - تىياتىرخانا، تورخانا قاتارلىق يېپىق سورۇن ۋە ياشانغانلار ساناتورىيەسى قاتارلىق ئالاھىدە ئورۇنلار بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى كۆزىتىش - ئۆلچەشتە چىڭ تۇرۇش، قاتناش قوراللىرىغا ئولتۇرغاندا يەنە راۋان يۈرۈش كودىنى تەكشۈرۈش كۆرسىتىلدى. «ياز پەسلىدە ئىشلىتىلىش قېتىم سانى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان ھاۋا تەڭشىگۈچنى ئىشلەتكەندە، ئەسلىدىكى قايتما شامالنى تولۇق ئېتىۋېتىش تەلىپى قايتما شامالنى ئىمكانقەدەر ئازايتىشقا تەڭشىلىپ، يېڭى شامال مىقدارى ئاشۇرۇلۇپ، قەرەللىك تازىلاپ دېزىنفېكسىيەلەش تەكىتلەندى» دېدى لى فەن تونۇشتۇرۇپ.

ئالاھىدە كىشىلەر توپى، مەسىلەن، ياشانغانلار ۋە بالىلارغا قارىتا، لى فەن مۇنۇلارنى ئەسكەرتتى: كۈندىلىك شەخسىي تازىلىقنى ياخشى قىلىپ، قولنى پات - پات يۇيۇش، كۆزنى ئۇۋۇلىماسلىق قاتارلىق تازىلىق ئادەتلىرىنى يېتىلدۈرۈش، يېمەك - ئىچمەك، ئوزۇقلۇق تەڭپۇڭلۇقىغا ئەھمىيەت بېرىش، ئۇيقۇنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك، ئائىلە باشلىقلىرى بالىلارنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈشى، مەسىلە بولسا ۋاقتىدا داۋالىتىشى كېرەك. ئاساسىي كېسىلى بار ياشانغانلار قەرەللىك دورا يېيىشى ياكى قايتا تەكشۈرتۈشى، بالىلارمۇ ۋاقتىدا ۋاكسىنا ئەملىتىشى، دوختۇرغا كۆرۈنگەندە ئۆزىنى ياخشى مۇداپىئە قىلىپ ماسكا تاقىشى، ئالدىن كېلىشىپ كېسەل كۆرسىتىشى، دوختۇرخانىدا توختاش ۋاقتىنى ئازايتىشى كېرەك. يۆتەل قاتارلىق نەپەس يولى كېسەللىرىگە گىرىپتار بولغاندا سىرتقا چىقىشنى ئازايتىپ ھەم ماسكىنى ياخشى تاقاپ ئۆزىدىكى چاچراندىلارنىڭ تارقىلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. ئەگەر قىزىش، قۇرۇق يۆتىلىش قاتارلىق گۇمانلىق كېسەل ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، باشقىلار بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىشتىن ساقلىنىپ، بىرىنچى ۋاقىتتا دوختۇرغا كۆرۈنۈپ ئېنىق دىياگنوز قويدۇرۇش كېرەك.